## 3967 ـ قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشلىرىنى ئۆزى ئىستىمال قىلىش ۋە سەدىقە قىلىشتىكى تەقسىمات توغرىسىدا

---

**سۇئال**

قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى ئۈچكە ئايرىپ تەقسىم قىلىش توغرىسىدا بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىسنى بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىش، يېيىش ۋە ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا ھەدىسلەر بايان قىلىندى، بۇ ھەدىسلەردىن: ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇربان ھېيت ۋاقتىدا مەدىنە ئەتراپىدا ياشايدىغان سەھرالىق كىشىلەر مەدىنىگە كىلىشكە ئالدىرايتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغلارنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىماڭلار، قالغانلىرىنى سەدىقە قىلىۋېتىڭلار دىدى، يەنە بىر يىلى بولغاندا، ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەر بۇ يىل قۇربانلىق قىلغان ئۇلاغنىڭ تېرىلىرىنى تۇلۇم قىلىپ، مايلىرىنى ئېرىتىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ؟ دىگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇنداق قىلسا نىمە بولۇپتۇ؟ دىگەن ئىدى، ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلە ئۆتكەن يىلى قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشتىن چەكلىگەن ئىدىلە؟ دىگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيت ۋاقتىدا مەدىنە ئەتراپىدىكى كەمبەغەل كىشىلەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىماي يەڭلار، ئاشقانلىرىنى سەدىقە قىلىۋېتىڭلار دىگەن ئىدىم، بۇ يىل ئۆزۈڭلار يەڭلار ۋە خالىغانچە ساقلاڭلار دىدى. [مۇسلىم رىۋايىتى 3643–ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيت ۋاقتىدا مەدىنە ئەتراپىدىكى كەمبەغەل كىشىلەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىماي يەڭلار، ئاشقانلىرىنى سەدىقە قىلىۋېتىڭلار دىگەن ئىدىمدىگەن بۇ سۆزى، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىماسلىق دىگەن چەكلىمىنىڭ شۇ يىلىدىن كىيىن ئەمەلدىن قالغانلىقىنى، ئەمما يېيىشكە ۋە سەدىقە قىلىشقا بولغان بۇيرۇقنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ، شافىئى مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىغا كۆرە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىنغان قۇربانلىق بولسا بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى سەدىقە قىلىۋېتىش ياخشى بولىدۇ. ئەڭ

مۇكەممەل بولغىنى ئۈچتىن بىر قىسمىنى يېيىش، ئۈچتىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىش ۋە قالغان ئۈچتىن بىر قىسمىنى ھەدىيە قىلىشتۇر. بەزىلەر: يېرىمىنى يېيىش ۋە قالغان يېرىمىنى سەدىقە قىلىش ياخشى دەيدۇ، ئومۇمەن ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىش ياخشى بولىدۇ، سەدىقە قىلىش مەسىلىسىدىمۇ، كۆپ بولسا چەكلىمە يوق ئاز بولغاندا سەدىقە قىلدى دېگەن سۆزگە مۇۋاپىق بولسا بولىدۇ، ئەمما يېيىش مەسىلىسىگە كەلسەك: مۇتلەق يېيىش كېرەك ئەمەس، يېسە ياخشى بولىدۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يەڭلار دېگەن ئايىتىنى چۈشەندۈرۈپ: يەڭلار دېگەن بۇيرۇق، چەكلىمىدىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن يېيىشنىڭ توغرا ياكى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يېيىش، سەدىقە قىلىش ۋە باي-كەمبەغەللەرگە يېمەك قىلىپ بېرىشنىڭ ھېچ بەلگىلىمىسى يوق، خالىسا خام ھالەتتە بەرسۇن، خالىسا پىشۇرۇپ بەرسۇن ئوخشاش. [كاپى 1-توم 424-بەت].

ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەڭ ياخشىسى قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەدىقە قىلىش ياخشى بولىدۇ".

شافىئى مەزھىپىدىكى ئۆلىمالار: ئەڭ ياخشى بولغىنى ئۈچتىن بىرىنى يېيىش، ئۈچتىن بىرىنى ھەدىيە قىلىش ۋە قالغان ئۈچتىن بىرىنى ھەدىيە قىلىش ياخشى بولىدۇ دەيدۇ، بەزىلەر يېرىمىنى يېيىش ياخشى بولىدۇ دەيدۇ، ئەڭ توغرا بولغىنى بەزىسىنى سەدىقە قىلىشتۇر. [نەيلىل ئەۋتار 5-توم 563-بەت].

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىز، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان: ئۈچتىن بىرىنى يەيدۇ، ئۈچتىن بىرىنى مېھمانلارغا يېمەك قىلىپ بېرىدۇ ۋە قالغان ئۈچتىن بىرىنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىدۇ دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ مۇسا ئىسپاھانى "ۋەزائىپ" دېگەن كىتابتا بايان قىلىپ ھەسەن دېگەن. ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ شۇنداق دېگەن. ساھابىلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ بۇ ئىككەيلەننىڭ سۆزىگە قارشى سۆز قىلىنغانلىقى بىلىنمىگەن. [مۇغنى 8-توم 632-بەت].

ئۆلىمالارنىڭ قۇربانلىقتىن سەدىقە قىلىش زۆرۈر بولغان مىقداردا ئىختىلاپ قىلىشىشىنىڭ سەۋەبى، بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىندۇر. سەدىقە قىلىنىدىغان مەلۇم مىقدارنى بېكىتمىگەن بىر قانچە ھەدىسلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ئۆتكەن يىلى قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىماسلىق، تۇرمۇشى ياخشى بولغانلار تۇرمۇشى ياخشى بولمىغانلارغا خەيرخاھلىق قىلسۇن دېگەن ئىدىم، ئەمدى خالىغانچە يەڭلار، باشقىلارغا يېمەك قىلىپ بېرىڭلار ۋە ساقلاپ قويۇڭلاردېدى. [تىرمىزى رىۋايىتى1430-ھەدىس].

ئىمام تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەسەن بولغان سەھىھ ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئىلىم ئىگىلىرى بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلغان.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.